# 97437 ـ جۇنۇپ كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى ۋە جۇنۇپ ئادەمنىڭ ئەزان توۋلاش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىشى توغرا بولامدۇ؟

### سۇئال

بىر كىشى جۇنۇپ ھالەتتە ئۆزىنىڭ جۇنۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلىدى، ئەزان توۋلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ يۇيۇنۇپ كېلىپ پاك ھالەتتە نامازغا تەكبىر ئېيتتى، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟، بىز جۇنۇپ كىشىنىڭ مەسچىتكە كىرىشىنى ھارام دەپ قارايتتۇق؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئەزاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش ياخشى لېكىن زۆرۈر ئەمەس. بۇ توغرىدا مۇنداق ھەدىس كەلگەن: «ئەزاننى تاھارەت ئالغان كىشى توۋلىسۇن» [تىرمىزى رىۋايىتى 147-ھەدىس. بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ سۆزى بويىچە مەرپۇ ۋە ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ سۆزى بويىچە مەۋقۇپ بولۇپ، ھەر ئىككى ھەدىس زەئىپتۇر، سەھىھ ئەمەس. ["تەمامۇل مىننە" ناملىق ئەسەرنىڭ 154-بىتىگە قارالسۇن].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" 1-توم 248-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەزان توۋلىغۇچىنىڭ ئەزان توۋلىغاندا چوڭ-كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولىشى ياخشى بولىدۇ"، بۇنىڭغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسنى دەلىل قىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: تاھارەتسىز ئەزان توۋلىسا توغرا بولامدۇ؟ جۇنۇپ ھالەتتە ئەزان توۋلىسا قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "چوڭ-كىچىك تاھارىتى يوق كىشىنىڭ ئەزان توۋلىشى توغرا بولىدۇ لېكىن ياخشىسى چوڭ-كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇپ توۋلىشى ياخشىدۇر". ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى"6-توم 67-بەت].

جۇنۇپ كىشىنىڭ مەسچىتتە تۇرۇشى چەكلىنىدۇ، لېكىن ئەزان توۋلاش ياكى باشقا ئىشلارغا ئېهتىياجلىق بولغاندا تاھارەت ئېلىپ كىرسە بولىدۇ.

"كەشاپۇل قىنىنا" 1-توم 148-بەتتە مۇنداق كەلگەن: "جۇنۇپ كىشىنىڭ مەسچىتتە تۇرۇشى چەكلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا

مۇنداق دېگەن: وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغْتَسِلُوا تەرجىمىسى: «جۇنۇپ بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن)مۇستەسنا» [سۈرە نىسا 43–ئايەت].

لېكىن كىچىك تاھارەت ئېلىپ كىرسە بولىدۇ. سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئەتە ئىبنى يەساردىن كەلتۈرگەن ئەسەردە مۇنداق دەيدۇ: "مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بەزىسىنىڭ جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا كىچىك تاھارەپ ئېلىپ مەسچىتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم"، "ئەل مۇبدىئدە" بۇنىڭ ئىسنادىنى ياخشى دېگەن. چۈنكى تاھارەت دېگەن جۇنابەتنى يەڭگىللىتىدۇ، بەزى چەكلىمىلەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام تەقىييددىن ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇنداق ھالەتتە باشقىلار ئۇخلىغاندەك مەسچىتتە ئۇخلىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ". "شەرھىل مۇمتىئ" 2–توم 57–بەت.

ئەزان توۋلىغۇچى ئۆزىنىڭ جۇنۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىپ مەسچىتكە كىرگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇنتۇپ قىلىش سەۋەبىدىن ئۆزۈرلۈك بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق (بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىكتىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن.» [سۈرە بەقەرە 286–ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە: ئاللاھ تائالا «شۇنداق قىلدىم» دېگەن. يەنى: ئاللاھ تائالا ئۇنتۇلۇپ قالغان ۋە خاتالاشقان كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 126–ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.